بسم الله الرحمن الرحيم

ئىسلام ئاۋازى
33- سان
(قوش ھەپتىلىك گېزىت)

# دىنىي ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرىدۇكى، پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بىر ئاساسقا دەۋەت قىلىدۇ، ئۇ بولسىمۇ الله نى ئىبادەتتە يەككىلەشتۈرۈش (يەنى ئىبادەتنى پەقەت يېگانە الله قىلا قىلىش) ۋە شېرىكتىن توسۇش شۇڭا ئىسلام بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنىدۇر لېكىن ئۇلارنىڭ شەرىئەت، قانۇن تەرەپلىرى شارائىت ۋە ھاجەتكە قاراپ ئۆزئارا پەرقلىق بولغان. الله ئۆز بەندىلىرىدىن ئىسلامدىن باشقا ھېچبىر دىن ۋە قائىدە-نىزامنى قوبۇل قىلمايدۇ چۈنكى الله تعالى مۇنداق دېگەن: ﴿وَلَقَدْ بَعَثْنَا فِي كُلِّ أُمَّةٍ رَسُولًا أَنِ اعْبُدُوا اللَّهَ وَاجْتَنِبُوا الطَّاغُوتَ فَمِنْهُمْ مَنْ هَدَى اللَّهُ وَمِنْهُمْ مَنْ حَقَّتْ عَلَيْهِ الضَّلَالَةُ فَسِيرُوا فِي الْأَرْضِ فَانْظُرُوا كَيْفَ كَانَ عَاقِبَةُ الْمُكَذِّبِينَ﴾ «بىز ھەقىقەتەن ھەر بىر ئۈممەتكە: <الله قا ئىبادەت قىلىڭلار، تاغۇتتىن (يەنى الله تىن باشقا ئىبادەت قىلىنغان ۋە ئىبادەت قىلىنىشنى يامان كۆرمىگەن ھەرقانداق مەخلۇقتىن) يىراق بولۇڭلار> دەپ پەيغەمبەر ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ھىدايەت قىلغانلىرىمۇ بار، گۇمراھلىققا تېگىشلىك بولغانلىرىمۇ بار. يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ (پەيغەمبەرلەرنى) ئىنكار قىلغانلارنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزىتىڭلار» (سۈرە نەھل 36- ئايەت).

الله تعالى يەنە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا أَرْسَلْنَا مِنْ قَبْلِكَ مِنْ رَسُولٍ إِلَّا نُوحِي إِلَيْهِ أَنَّهُ لَا إِلَهَ إِلَّا أَنَا فَاعْبُدُونِ﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: <مەندىن باشقا ھېچ مەئبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار> دەپ ۋەھيى قىلدۇق» (سۈرە ئەنبىيا 25- ئايەت).

الله تعالى نۇرغۇن پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى بىزگە ئۆز كىتابىدا ۋە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلدى، يەنە بەزىلىرىنى بولسا بايان قىلمىدى. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِنْ قَبْلِكَ مِنْهُمْ مَنْ قَصَصْنَا عَلَيْكَ وَمِنْهُمْ مَنْ لَمْ نَقْصُصْ عَلَيْكَ وَمَا كَانَ لِرَسُولٍ أَنْ يَأْتِيَ بِآيَةٍ إِلَّا بِإِذْنِ اللَّهِ فَإِذَا جَاءَ أَمْرُ اللَّهِ قُضِيَ بِالْحَقِّ وَخَسِرَ هُنَالِكَ الْمُبْطِلُونَ﴾ «سەندىن ئىلگىرى بىز ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ساڭا بايان قىلىپ بەرگەنلىرىمىزمۇ، بايان قىلىپ بەرمىگەنلىرىمىزمۇ بار. ھېچقانداق پەيغەمبەر الله نىڭ ئىزنىسىز بىرەر مۆجىزە كەلتۈرەلمەيدۇ، الله نىڭ ئەمرى (يەنى قىيامەت) كەلگەن چاغدا (كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا) ئادالەت بىلەن ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ، بۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار زىيان تارتىدۇ» (سۈرە غافىر 78- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# بۇلاقتىن تامچە

الله تعالى مۇنداق دەيدۇ: ﴿إِذْ يُرِيكَهُمُ اللَّهُ فِي مَنَامِكَ قَلِيلًا وَلَوْ أَرَاكَهُمْ كَثِيرًا لَفَشِلْتُمْ وَلَتَنَازَعْتُمْ فِي الْأَمْرِ وَلَكِنَّ اللَّهَ سَلَّمَ إِنَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ ۞ وَإِذْ يُرِيكُمُوهُمْ إِذِ الْتَقَيْتُمْ فِي أَعْيُنِكُمْ قَلِيلًا وَيُقَلِّلُكُمْ فِي أَعْيُنِهِمْ لِيَقْضِيَ اللَّهُ أَمْرًا كَانَ مَفْعُولًا وَإِلَى اللَّهِ تُرْجَعُ الْأُمُورُ ۞﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«(ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا الله چۈشۈڭدە ساڭا ئۇلارنى (يەنى دۈشمەنلىرىڭنى) ئاز كۆرسەتتى، ئەگەر ساڭا ئۇلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا، سىلەرگە چوقۇم قورقۇنچ چۈشەتتى ۋە جەڭ ئىشىدا چوقۇم دەتالاش قىلاتتىڭلار لېكىن الله (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. الله دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر [43]. الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى. ھەممە ئىش الله قا قايتۇرۇلىدۇ (الله ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ) [44]» (سۈرە ئەنفال 43-، 44- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب رحمه الله مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ بۇ جەڭدىكى يەنە بىر تەدبىرى شۇكى، رەسۇلۇللاھ ﷺ چۈشىدە كاپىرلارنى ھېچبىر كۈچى يوق، ۋەزنى يوق ۋە سانى ئاز ھالەتتە كۆرگەن بولۇپ، ساھابىلىرىغا بۇ چۈش ئارقىلىق خۇش بىشارەت بېرىپ ئۇلارنىڭ جەڭگە كىرىش قىزغىنلىقىنى ۋە باتۇرلۇقىنى ئاشۇرغان. ئاندىن الله تعالى بۇ ئايەتتە نېمە ئۈچۈن كاپىرلارنى ئۆز پەيغەمبىرىگە ئاز كۆرسەتكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. الله تعالى شۇنى بىلەتتىكى، ئەگەر پەيغەمبەر ﷺ گە مۇشرىكلارنى كۆپ كۆرسەتكەن بولسا ئىدى، بۇ ئىش رەسۇلۇللاھ ﷺ گە ھەمراھ بولۇۋاتقان بۇ ئازغىنە گۇرۇھنىڭ قەلبلىرىگە ئەلۋەتتە قورقۇنچ تاشلايتتى-دە، تەييارلىقسىز ئۇرۇشقا چىققانلىقى ئۈچۈن دۈشمەنلەرگە ئۇچرىشىشتىن قورقۇپ قالاتتى ۋە دۈشمەنگە ئۇچرىشىش ھەققىدە ئۆزئارا تالاش-تارتىش قىلاتتى. يەنى، بىر پىرقە ئۇرۇش قىلىمىز دېسە، يەنە بىر پىرقە دۈشمەنگە يولۇقماسلىقنى مۇۋاپىق كۆرۈپ قالاتتى. مانا مۇشۇنداق شارائىتتىكى بۇ خىل تالاش-تارتىش دۈشمەنگە قارشى يۈزلىنىۋاتقان بىر قوشۇنغا نىسبەتەن ئېچىنىشلىق مۇسىبەت بولۇپ قالاتتى. <... لېكىن الله (سىلەرنى مۇنداق قىلىشتىن) ساقلىدى. الله دىللاردىكىنى ئەلۋەتتە بىلىپ تۇرغۇچىدۇر...>. ھەقىقەتەن الله تعالى دىللاردىكىنى بىلگەچكە مۇسۇلمان گۇرۇھنى بۇ بالايى-مۇسىبەتكە دۇچار بولۇشتىن ساقلاپ، ئۇلارغا مېھرىبانلىق قىلدى

چۈنكى الله تعالى بۇ گۇرۇھنىڭ بۇ مەيداندىكى زەئىپلىكىنى ياخشى بىلەتتى شۇڭا الله تعالى ئۆز پەيغەمبىرىنىڭ چۈشىدە مۇشرىكلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرسەتتى. چۈش بولسا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئەسلى مەنىسىدە راست ئىشتۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ كاپىرلارنىڭ سانى كۆپ تۇرۇقلۇق چۈشىدە ئۇلارنى ئاز كۆرگەن؛ ھەقىقەتەن كاپىرلارنىڭ مەنىۋى بايلىقى ئاز؛ جەڭدىكى ۋەزنى يەڭگىل؛ قەلبلىرى كەڭ دائىرىدىكى ئەقىدىۋي مەلۇمات، كۈچلۈك ئىمان ۋە پايدىلىق ئوزۇق-تۈلۈكتىن خالىيدۇر. مانا بۇ ــ الله تعالى رەسۇلۇللاھ ﷺ گە كۆرسەتكەن چۈشنىڭ ئالدىغۇچى زاھىر كۆرۈنۈشىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان رېئال ھەقىقەتتۇر چۈنكى الله تعالى بۇ چۈش ئارقىلىق مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ قەلبىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىدى. الله ئۇلارنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى، ئۇلارنىڭ سانىنىڭ ئازلىقى ۋە تەييارلىقىنىڭ زەئىپلىكى، ئەگەر دۈشمەنلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى بىلسە دۈشمەنلىرىگە قارشى مەيدانغا چۈشۈشتىن قورقىدىغانلىقى ھەمدە دۈشمەنلەر بىلەن تۇتۇشۇش ھەققىدە تالاش-تارتىش قىلىدىغانلىقى قاتارلىق ئىشلاردىن خەۋەردار زاتتۇر. مانا بۇ ــ دىللاردىكىنى بىلىپ تۇرغۇچى الله نىڭ تەدبىرلىرىدىن بىر تەدبىردۇر.

ئىككى قوشۇن روبىرو ئۇچراشقان ۋاقىتتا، پەيغەمبەرنىڭ راست چۈشىدە ئىككىلا قوشۇن كۆز بىلەن كۆرۈنىدىغان قىياپەتتە تەكرار كۆرۈندى. مانا بۇ ــ الله تعالى نىڭ جەڭنى، جەڭنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى ھەمدە شۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان سىرلارنى كۆرۈپ تۇرغان ۋاقىتتىكى مۇسۇلمان قوشۇنغا ئەسلەتكەن تەدبىرىنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

<الله بولۇشقا تېگىشلىك ئىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقان چېغىڭلاردا (دۈشمەنلەرگە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلسۇن دەپ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ كۆزۈڭلارغا ئاز كۆرسەتتى ۋە سىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە (سىلەرگە قارشى تەييارلىقتا بولمىسۇن دەپ) ئاز كۆرسەتتى. ھەممە ئىش الله قا قايتۇرۇلىدۇ (الله ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ)>.

مانا بۇ ئىلاھىي تەدبىر ئىككى گۇرۇھنىڭ جەڭگە شۇڭغۇشىغا سەۋەبچى بولدى. مۆئمىنلەر دۈشمەنلىرىنىڭ سانىنى ئاز كۆرەتتى چۈنكى ئۇلار كاپىرلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھەقىقىي كۆزلىرى (يەنى الله ئۇلارغا چۈشىدە كۆرسەتكەن كۆرۈنۈش) بىلەن كۆرگەن، مۇشرىكلار زاھىرى كۆزلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى ئاز كۆرەتتى. ھەر بىر گۇرۇھ يەنە بىر گۇرۇھنى كۆرۈشكە سەۋەب بولغان بۇ ئىككى ھەقىقەتنىڭ ئارقىسىدا ئىلاھىي تەدبىرنىڭ غايىسى ئىشقا ئاشتى ۋە الله نىڭ تەقدىرى ئورۇنلىنىشقا سەۋەب بولىدىغان ئىشلار يۈز بەردى. <... ھەممە ئىش الله قا قايتۇرۇلىدۇ (الله ئۆزى خالىغانچە ھۆكۈم قىلىدۇ)..>. مانا بۇ ــ ئىلاھىي تەدبىرنىڭ ۋە تەقدىرنىڭ ئورۇنلىنىشىغا مۇناسىپ بولغان ئاخىرلاشتۇرۇشتۇر چۈنكى بۇ يالغۇز الله قىلا قايتۇرۇلىدىغان ئىشلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، الله بۇ ئىشلارنى ئۆزىنىڭ قۇدرىتى بىلەن تەسەررۇپ قىلىدۇ، ئۆز ئىرادىسى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ئىشلار الله نىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋە قۇدرىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ھېچبىر مەۋجۇدات الله نىڭ قازاسى ۋە تەدبىرىسىز ئىجرا بولمايدۇ. تەدبىر پەقەت الله نىڭ تەدبىرىدۇر. غەلىبە-نۇسرەت پەقەت الله نىڭ دەرگاھىدىندۇر. سان جەھەتتىكى كۆپلۈك ھەرگىزمۇ غەلىبە-نۇسرەتكە كېپىل بولىدىغان نەرسە ئەمەستۇر، ماددىي تەييارلىق جەڭنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان بىردىنبىر سەۋەب ئەمەستۇر» («في ظلال القرآن»دىن ئېلىندى).

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رضي الله عنه أَنَّ رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ: «بَادِرُوا بِالْأَعْمَالِ فِتَنًا كَقِطَعِ اللَّيْلِ الْمُظْلِمِ يُصْبِحُ الرَّجُلُ مُؤْمِنًا وَيُمْسِي كَافِرًا وَيُمْسِي مُؤْمِنًا وَيُصْبِحُ كَافِرًا يَبِيعُ دِينَهُ بِعَرَضٍ مِنَ الدُّنْيَا» (رواه مسلم).

### ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئەبۇ ھۇرەيرە رضي الله عنه دىن نەقىل قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ﷺ مۇنداق دېگەن: «قاپقاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاش يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان پىتنىلەرگە يولۇقۇشتىن ئىلگىرى (سالىھ) ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار. بەزى كىشىلەر مۆئمىن ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزۇپ، كاپىر ھالىتىدە كەچ قىلىدۇ؛ يەنە بەزى كىشىلەر مۆئمىن ھالىتىدە كەچ قىلىپ، كاپىر ھالىتىدە تاڭ ئاتقۇزىدۇ چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ دىنىنى دۇنيانىڭ ئازغىنە مەنپەئەتىگە ساتىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

### ھەدىسنىڭ شەرھىسى

«سالىھ ئەمەللەرگە ئالدىراڭلار» دېگەن سۆزدە شېرىك، بىدئەت ۋە رىيادىن خالىي بولغان سالىھ ئەمەللەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «قاپقاراڭغۇ كېچىگە ئوخشاش يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان پىتنىلەر» دېگەن سۆزدىن پىتنە قىلچە يورۇقلۇق بولمىغان قاراڭغۇ زۇلمەتلىك كېچىگە ئوخشىتىلغان (الله بۇنداق پىتنىلەرگە چۈشۈپ قېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن).

پىتنىلەر ئىككى خىل بولۇپ: بىرى، شۇبھات پىتنىسى؛ يەنە بىرى، شەھۋەت پىتنىسىدۇر. ھەر ئىككىلىسى بىلمىسزلىك ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. مەسىلەن، ئەھلى بىدئەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدىلىرىدە ۋە ئەمەللىرىدە الله نىڭ شەرىئىتىدە بولمىغان نەرسىلەرنى پەيدا قىلىشتى چۈنكى ئىنسان شۇبھات پىتنىسىگە يولۇقسا ھەقنى ناھەقتەك كۆرۈپ قالىدۇ، شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان مۇئامىلە ئۇنىڭغا ھالالدەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ. شەرىئەتتە ھارام قىلىنغان مۇئامىلە ئۇنىڭغا ھالالدەك تۇس بېرىدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىنى گۇناھلار دۆۋىسى قاپلىۋالغانلىقى ئۈچۈن توغرا ئىش ئۇنىڭغا شۈبھىلىك تۇيۇلۇپ، ئۆزىنىڭ قىلغان يامان ئەملى چىرايلىق كۆرسىتىلىدۇ شۇڭا الله تعالى بۇنداق كىشىلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن: «سىلەرگە ئەمەللىرى جەھەتتىن ئەڭ زىيان تارتقۇچىلارنى ئېيتىپ بېرەيلىمۇ؟! [103]. ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر [104]» (سۈرە كەھف 103-، 104- ئايەت). شەھۋەت پىتنىسىگە كەلسەك، مەسىلەن، ئىنسان بىر نەرسىنىڭ ھاراملىقىنى بىلىدۇ لېكىن ئۇنىڭ نەپسى شۇ ھارامغا چاقىرغان ۋاقىتتا شەرىئەت ھۆكمىگە پەرۋا قىلماستىن ھارامغا ئەگىشىۋېرىدۇ؛ ئىنسان بىر نەرسىنىڭ پەرزلىكىنى بىلىدۇ لېكىن ئۇنىڭ نەپسى شۇ ئىنساننى ھۇرۇنلۇققا چاقىرغان ۋاقىتتا، ئۇ ئىنسان پەرزنى تەرك ئېتىدۇ. مانا بۇ ــ شەھۋەت پىتنىسى ياكى ئىرادىنى سۇندۇرۇش پىتنىسىدۇر. بۇ پىتنىنىڭ ئەڭ چوڭى زىنا شەھۋىتى پىتنىسى ياكى بەچچىۋازلىق پىتنىسى بولۇپ، بۇ ــ ئۈممەتكە زىيىنى ئەڭ چوڭ بولغان پىتنىدۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ مۇنداق دېگەن: «مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۈممىتىمنىڭ ئەرلىرىگە ئەڭ زىيانلىقراق پىتنە ــ ئاياللاردۇر». رەسۇلۇللاھ ﷺ يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاياللار (يەنى ئاياللار پىتنىسى) دىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىڭلار چۈنكى بەنى ئىسرائىلدىكى تۇنجى پىتنە ئاياللاردىن (ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

باشلانغان». دېمەك، شەھۋەت پىتنىسى ۋە شۇبھات پىتنىسىنىڭ ھەر ئىككىلىسى قاراڭغۇلۇق بولۇپ، بۇنىڭغا كىرىپ قېلىش ئىنساننىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويىدۇ-دە، ھەق-باتىلنى ئايرىيالماي ئەتىگىنى مۇئمىن بولسا كەچتە كاپىر بولىدىغان، ئەتىگىنى كاپىر بولسا كەچتە مۇئمىن بولىدىغان دەرىجىدە ئېزىپ كېتىدۇ. كاپىر بولغاندىمۇ بەزى ئىنسانلار دوزاختا مەڭگۈ قالىدىغان چوڭ كاپىر بولىدۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا دوزاختا مەلۇم مۇددەت كۆيىدىغان خاۋارىج، بىدئەتچى ۋە پاسىق دېگەندەك كىچىك كاپىر بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مانا مۇشۇنداق چوڭ ياكى كىچىك كاپىر بولۇشىغا ئۆزىنىڭ دىنىنى ئازغىنە دۇنيا مەنپەئەتكە ساتقانلىقى سەۋەبچى بولغان. دۇنيا مەنپەئەتى دېگەندە، سەن ھەرگىزمۇ مال-مۈلۈكنى خىيال قىلىپ قالمىغىن! بەلكى دۇنيا مەنپەئەتى دېگەندە، دۇنيا مەنپەئەتلىرىنىڭ ھەرقانداق تۈرى كۆزدە تۇتۇلغان. مەسىلەن، مال-دۇنيا ياكى يۈز-ئابرۇي ۋەياكى ئاياللارنىڭ ھەممىسى دۇنيا مەنپەئەتىدۇر شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ئاخىرقى تەشەھھۇدتا تۆۋەندىكى دۇئانى قىلىشقا بۇيرۇغان: «ئى الله! مەن سەندىن قەبرە ئازابى، ھاياتلىق ۋە ئۆلۈم پىتنىسى ھەمدە مەسىھ دەججالنىڭ پىتنىسىدىن ساقلىشىڭنى سورايمەن».

ئى الله! بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەلىمە تەۋھىد ئۈستىدە مۇستەھكەم قىلغىن، ئامىن.

## بۇ ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، توسالغۇلارغا دۇچار بولۇشتىن ئىلگىرى پەرز ئەمەللەرگە ئالدىراشنىڭ پەرزلىكى، مۇستەھەب ئەمەللەرگە ئالدىراشنىڭ مۇستەھەبلىكى، قىلغان ھارام ئىشلارغا تەۋبە قىلىشقا ئالدىراشنىڭ پەرزلىكى.

ئىككىنچى، پىتنە دېگەن سۆزنىڭ چوڭ كۇفرى، كىچىك كۇفرى، گۇناھ-مەئسىيەت ۋە قايسى تەرەپنىڭ ھەق ئىكەنلىكىنى دەلىل بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئىككى مۇسۇلمان گۇرۇھنىڭ ئۇرۇشۇشى... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن شۇ مۇسۇلمان ئىنساننىڭ يەنە كاپىرغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى. مەيلى ئۇ ئىنسان ئۆلىما ئىنسان بولسۇن، بىر مەزگىل جىھاد قىلغان ئىنسان بولسۇن ۋە ياكى ئاددىي مۇسۇلمان بولسۇن ھەر قانداقنىڭ كاپىر بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئىكەنلىكى شۇڭا بەزى مۇرجىئىيلار ئېيتقاندەك: «بىر كىشى مۇسۇلمان بولۇۋالسا ھەرقانچە كۇفرى ئىشنى قىلىپ كەتسىمۇ بىر مۇسۇلماننى دىندىن چىقىرىۋەتسەك قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن سۆز باتىلدۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ مۇسۇلمان ھالەتتە تاڭ ئاتقۇزغان بىر كىشىنىڭ كاپىر ھالەتتە كەچ قىلىشىنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكىنى يۇقىرىقى ھەدىس ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ بەردى لېكىن بىز ئەھلى سۈننە ئەقىدىسىدىكىلەر شەرتلىرى تولۇق تېپىلمىسا ۋە مانىيلىرى (يەنى توسالغۇلىرى) تولۇق يوقالمىسا بىر مۇسۇلماننى بىرەر كۇفرى ئىشى سەۋەبلىك كاپىرغا چىقىرىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيمىز.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۈچىنچى، يەھۇدىيلار مۇسۇلمانلارغا سۈيىقەست قىلىشتا دائىم پۇرسەت كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقى...

تۆتىنچى، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا سودا-سېتىق مۇئامىلىسىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى لېكىن مۇسۇلمان ھاكىم ياكى جىھادىي جامائەتنىڭ ئەمىرى مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ قول ئاستىدىكىلەرنى بۇ مۇئامىلىدىن چەكلىگەن ھالەت بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر...

بەشىنچى، ئايال كىشىنىڭ خىلۋەتتە بولمىغان ئاساستا ۋە تەبەررۇج (يەنى ئۆزىنى ياكى زىننەتلىرىنى كۆز-كۆز قىلىش) قىلمىغان ۋە سودا-سېتىق ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىدىغان كىشىلەر بولمىغان شارائىت ئاستىدا نەرسە-كېرەكلىرىنى بازاردا سېتىشى ۋە سېتىۋېلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى...

ئالتىنچى، خۇددى مۇھەممەد قۇتۇب رحمه الله ئېيتقاندەك، يەھۇدىيلارنىڭ دائىم ئۈچ نەرسىنى كونترول قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى: 1. دۇنيانىڭ سىياسىتى (يەنى ھاكىمىيەت سىستېمىسى)؛ 2. ئىقتىساد؛ 3. تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى.

يەتتىنچى، گەرچە ھازىرقى يەھۇدىيلار ھاياسىزلىقتا چەكتىن ئېشىپ باشقىلارنىڭ بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋرەتلىرىنىڭ ئېچىلىشىنى قاتتىق ئارزۇ قىلىدىغان ۋە بۇ ئارزۇسىنى ئىنتېرنېت ۋە تەشۋىقات ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق روياپقا چىقارغان بولسىمۇ، بۇرۇنقى يەھۇدىيلارنىڭمۇ ھازىرقى يەھۇدىيلارغا ئوخشاشلا ھاياسىز ئىكەنلىكى. الله تعالى مۇسۇلمانلارنى ۋە مۇجاھىدلارنى يەھۇدىيلارنىڭ بۇ خىل ھاياسىزلىق تەبئىتىنى يۇقتۇرۇۋېلىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، ئامىن!

سەككىزىنچى، مۇسۇلمانلارنىڭ سان، قورال كۈچى ۋە تەييارلىقى ئاز بولغان ھالەت بىلەن قۇدرەت ۋە تەمكىنلىككە ئىگە بولغان ھالىتى پەرقلىق بولىدىغانلىقى. مەسىلەن، مۇسۇلمانلار مەككىدە ئاجىز ۋاقتىدا سۇمەييە رضي الله عنها نى ئەبۇ جەھىل ۋەھشىيانە ھالدا شەھىد قىلىۋەتكەن بولسىمۇ مۇسۇلمانلارغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان رەسۇلۇللاھ ﷺ قىساس ئېلىش ئۈچۈن ئۇرۇشقا يۈزلەنمەستىن بەلكى ھەممەيلەننى سەۋرگە تەۋسىيە قىلغان. مۇسۇلمانلار مەلۇم دەرىجىدە سۇلتانلىق (يەنى قۇدرەت) تىكلىگەندە بولسا، شۇ سۇلتانلىق (يەنى قۇدرەت) ئاستىدىكى بىر مۇسۇلمان ئەر ياكى ئايالنى قوغداش ياكى ئۇنىڭ قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەمىرنىڭ قوشۇن باشلاپ چىقىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى ۋە بۇ ھۆكۈمنىڭ ۋاقىت-شارائىتنى جىھادنىڭ ئەمىرى بەلگىلەيدىغانلىقى...

توققۇزىنچى، ئۆزىدىن باشقا مۇسۇلمانلارغا جامائەت (يەنى كوللېكتىپ) خاراكتېرلىك ئېغىر زىيان كېلىپ چىقمىغان (يەنى زىيان ئۆزى بىلەنلا كېتىدىغان) شەرت ئاستىدا ئۆزىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ ئابرۇيىنى قوغداش ئۈچۈن ئەمىردىن سورىماي يەككە ھالەتتە ئۇرۇش قىلىشىنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى...

ئونىنچى، قوماندانلار قول ئاستىدىكىلەرنىڭ يوللۇق دەردىنى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۇلارغا كۆيۈنۈش ھەم ئۇلارنى باشقىلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىلىق قول ئاستىدىكىلەرنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشچانلىق قىلىشىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى...

ئون بىرىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئەبۇ لۇبابە رضي الله عنه نى مەدىنىگە ئەمىر قىلىپ قويغانلىقى — رافىزىي شىئەلىرىنىڭ باتىل ئەقىدىسىگە رەددىيەدۇر چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەينى زاماندا ئەلى رضي الله عنه نى مەدىنىگە ئەمىر قىلىپ قويۇپ: «سەن بىلەن مېنىڭ مۇناسىۋىتىم خۇددى مۇسا بىلەن ھارۇننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ» دېگەن ھەدىسنى رافىزىيلار ئەسلى مەنىسىدىن يۆتكەپ چۈشىنىۋېلىپ: «مۇسا ئەلەيھىسسالام تۇر تېغىغا كەتكەندە ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامغا خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) بولغانغا ئوخشاش، رەسۇلۇللاھ غازاتقا كەتكەندە ئەلىنى مەدىنىگە ئۆزىنىڭ خەلىپىسى (يەنى ئورۇنباسارى) قىلغان. مانا بۇ — ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرنىڭ خەلىپىلىككە ھەقلىق ئەمەس بەلكى ئەلىنىڭلا ھەقلىق ئىكەنلىكىگە دەلىل» دەپ بىلجىرلىشىدۇ.

ھالبۇكى، ئەرەب تىلىدا بىر نەرسىنى بىر نەرسىگە ئوخشاتقانلىق، بۇ ئىككى نەرسە بىر-بىرىگە ھەممە جەھەتتىن پۈتۈنلەي ئوخشايدۇ دېگەنلىك ئەمەس. مەسىلەن، قۇرئان كەرىمدە تاغلارنى قوزۇقتا ئوخشىتىش — پەقەت تاغلارنىڭ زېمىننى تەۋرەپ كېتىشتىن ساقلاپ مۇستەھكەم تۇتۇپ تۇرىدىغانلىقى جەھەتتىن ئوخشىتىلغان، ھەرگىزمۇ تاغلارنى قوزۇقتەك ئىنچىكە، ئۈچلۇق دېگەندەك سۈپەتلەرگە ئىگە دېمەكچى ئەمەس. دېمەك، ئەلى رضي الله عنه نىڭ رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن دىنىي قېرىنداش ئىكەنلىكى — مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن ھارۇن ئەلەيھىسسالامنىڭ قان قېرىنداش ئىكەنلىكىگە ئوخشىتىلغان. ئەگەر ھەممە يېرى ئوخشىغان بولسا ئىدى رەسۇلۇللاھ ﷺ بىلەن ئەلى رضي الله عنه مۇ قان قېرىنداش بولۇشى كېرەك ئىدى شۇنداقلا ھارۇن ئەلەيھىسسالام مۇسا ئەلەيھىسسالامدىن بالدۇر ۋاپات تاپقاندەك ئەلى رضي الله عنه مۇ رەسۇلۇللاھ ﷺ دىن بۇرۇن ۋاپات بولۇشى كېرەك ئىدى شۇڭا مەدىنىگە ئورۇنباسار قىلىپ قويغانلىقنىڭ ئۆزى خەلىپىلىككە دەلىل بولىدىغان بولسا، ئەلى رضي الله عنه دىن باشقا نۇرغۇن ساھابىلەرمۇ نۇرغۇن غازاتلاردا رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئورۇنباسارى بولغان ئىدى، ئەبۇ لۇبابە رضي الله عنه دەل مۇشۇلارنىڭ جۈملىسىدىندۇر...

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




## قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار كۇفىگە يېقىن بولغان نەخلە دېگەن جايغا بېرىپ توپلاشقاندىن كېيىن مۇئاۋىيە رضي الله عنه ئۇلارغا قارشى شام ئەھلىدىن تەشكىللىگەن بىر قوشۇننى يولغا سالىدۇ لېكىن خاۋارىجلار مۇئاۋىيە رضي الله عنه نى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، مۇئاۋىيە رضي الله عنه بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوققىلى بولىدىغان بىر تاكتىكىنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، كۇفە ئەھلىگە: «الله بىلەن قەسەمكى، سىلەر خاۋارىجلارنى توسمىغۇچە مېنىڭ ئامانلىقىمغا ئېرىشەلمەيسىلەر» دەپ تەھدىت سالىدۇ، ئۇلار قاتتىق ساراسىمىگە چۈشۈپ خاۋارىجلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن جەڭگە چىقىشىدۇ. خاۋارىجلار ئۇلار بىلەن ئۇچراشقاندا: «مۇئاۋىيە ھەممىمىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەمەسمۇ!؟ بىزنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشقىلى قويۇڭلار. ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق سىلەرنى دۈشمىنىڭلاردىن خالاس قىلغان بولىمىز، ئەگەر ئۇ غەلىبە قىلسا سىلەر بىزدىن قۇتۇلغان بولىسىلەر» دېيىشىدۇ ئەمما ئۇلار خاۋارىجلارنىڭ بۇ سۆزىگە قايىل بولمىغانلىقتىن، خاۋارىجلار ئۇلارغا: «الله بىزنىڭ نەھرىۋان ئەھلىدىن بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا رەھمەت قىلسۇن چۈنكى ئى كۇفە ئەھلى! ئۇلار ئەسلىدە سىلەرنى بىزدىن ياخشىراق بىلىدىكەن» دەيدۇ. ئاندىن كۇفە ئەھلى خاۋارىجلارنىڭ باشلىقى ئەشجەئىنى بۆلاپ، مەجبۇرى ھالدا كۇفىگە ئېلىپ كېتىدۇ.

ئاندىن كېيىن خاۋارىجلار پۇرسەت كەلگەندە مۇغىرە ئىبنى شۇئبەگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. مۇغىرە شەبىس ئىبنى رەبىئى ياكى مەئقەل ئىبنى قەيس باشچىلىقىدا بىر توپ چەۋەندازلارنى ئەۋەتىپ فەرۋىنى شەھرىزور دېگەن جايدا ئۆلتۈرگۈزۈۋېتىدۇ.

كۇفە ئەھلى خاۋارىجلارنىڭ باشلىقى فەرۋىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، فەرۋىنىڭ قوشۇنى ئۆزلىرىگە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ھەۋسا ياكى ئابدۇللاھ ئىبنى جەۋشا دېگەن كىشىنى باشلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ خاۋارىج (يەنى ئابدۇللاھ) مۇئاۋىيە رضي الله عنه غا قارشى توپىلاڭ كۆتۈرىدۇ.

مۇئاۋىيە رضي الله عنه نىڭ كۇفىلىكلەرگە سالغان تەھدىتى ئۇلارنىڭ قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرغاچقا، كۇفىلىكلەر خاۋارىجلارغا قارشى جەڭ قىلىپ ئۇلارنى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئابدۇللاھنى ھىجرىيە 41- يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ياكى رەبىئۇل ئاخىر ئېيىدا نەخلە دېگەن جايدا بىراقلا قىرىپ تاشلايدۇ.

خۇلاسە، خاۋارىجلار مۇئاۋىيە رضي الله عنه دىن كېيىنكى ئۇمەييە خەلىپىلىرىگىمۇ ھەم مۇشۇنداق شەكىلدە قارشى چىقىشقان.

### ئۈچىنچى تېما: خاۋارىجلارنىڭ ئابباسىيلار دۆلىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىسيانلىرى

بىز ئىلگىرىكى بايانلىرىمىزدا خاۋارىجلارنىڭ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ رضي الله عنه دىن ئايرىلغاندىن تارتىپ ئۆزىگە مۇخالىپ

(ئاخىرى 3- بەتتە)




1. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىڭ:

بىر پارچىسى ئوك ياقتا،
بىر پارچىسى سول ياقتا.
بىر-بىرسىنى كۆرەلمەي،
ئۆتۈپ كېتەر شۇنداقلا.

2. يۈيغانسېرى مەينەت بولۇپ كېتىدىغان نەرسە نېمە؟

3. تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى قېنى كىم توغرا تاپالايدۇ:

يەر يۈزىدە بىر يەر بار، ئىنسان شۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن قايسى تەرەپكە قارىسا (مەيلى شىمالغا قارىسۇن، مەيلى جەنۇبقا قارىسۇن، شەرققە قارىسۇن ياكى غەربكە قارىسۇن) تەبىئىي ھالدا قىبلىگە توغرىلىنىپ قالىدۇ. ئۇ يەر قانداق يەر؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. ئۇلار ئۇدۇل قوشنىلار.
2. سۇ تۈرۈبىسى.
3. ھەرە (تۆمۈر ۋە ياغاچ كېسىدىغان).

(بېشى 2- بەتتە)

(ئوخشىماس) پىكىردىكىلەرگە بولغان دۈشمەنلىكىنى قانچىلىك كۈچەيتكەنلىكى، ئۇلارغا ئۇرۇش ئېچىشقا قاتتىق تەرغىب قىلغانلىقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ خاتالىقىنى كۈندىن-كۈنگە چوڭايتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدۇق. خاۋارىجلار ھەر بىر مەسىلىدە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن: «ھاكىمىيەت پەقەت الله قا مەنسۇپ! ئەلىگە مەنسۇپ ئەمەس! ئۇمەييەلەرگە مەنسۇپ ئەمەس! ئاببىاسىيلارغا مەنسۇپ ئەمەس ۋە ھېچكىمگە مەنسۇپ ئەمەس! ئۇرۇش قىلايلى، ئۇرۇش!» دەپ ۋارقىرايتتى. ئۇلاردىن بىرەر جامائەت توپلىشا-توپلاشمايلا ئالدىراپ، قارىغۇلارچە پىلانسىز ۋە تەرتىپسىز ئۇرۇش ئېلان قىلاتتى لېكىن بۇ ئۇرۇش بىر تەرەپنىڭ مەغلۇپ بولۇشى يەنە بىر تەرەپنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاخىرلاشماي مۇمكىن بولمايتتى. ئۇلار ئۇمەۋىيلەر بىلەن توختاۋسىز ئۇرۇش قىلىپ ئىنتايىن زور چىقىم ۋە زىيانلارنى تارتتى ھەمدە ئىسلامىي خىلاپەتنىڭمۇ شۇنچىلىك زور ئادەم ۋە مېلىنى چىقىمغا ئۇچراتتىكى، ئەگەر بۇ چىقىم كاپىرلارغا قارشى جىھادقا سەرپ قىلىنسا ئىدى، ئەلۋەتتە، ئىسلام تارىخىدا پەخىرلەنگۈدەك ئىش بولاتتى.

خاۋارىجلار ئۇمەييە دۆلىتى زامانىدا ھاكىمىيەتكە قارشى كەسكىن كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇپ، نەتىجىدە ئۆزىنىڭ قۇۋۋىتىنى ھەم ھاكىمىيەتنىڭ قۇۋۋىتىنى زەئىپلەشتۈرۈپ، ھەر بىر خەلىپىنىڭ گېلىغا تىقىلغان سۆڭەك بولۇپ قالدىكى، گالىنىڭ ئاغرىقى يەڭگىللەپ تۇرۇشىغا يەنە يېڭىدىن ئاغرىق باشلىناتتى. ئىش مانا شۇنداق داۋاملىشىپ، الله تعالى بۇ ھالەتنى ئۆزگەرتىۋەتتى. يەنى، ئۇمەۋىيلەر دۆلىتى يىقىلىپ ئۇنىڭ ئورنىغا ئاببىاسىيلار دۆلىتى چىقتى. خاۋارىجلارنىڭ قازىنى يەنىلا قايناشتىن توختىمىدى لېكىن بۇ قازان ئۆچۈپ كۈل بولاي دەپ قالغان قالدۇق چوغنىڭ ئۈستىدە قايناتتى. بۈگۈننىڭ خاۋارىجلىرى تۈنۈگۈننىڭ خاۋارىجلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇمەۋىيلەر دەۋرىدىكى خاۋارىجلار بولسا ئەزالىرى كۆپ ۋە كۈچى زور خاۋارىجلار ئىدى ئەمما ئاببىاسىيلار دەۋرىدىكى خاۋارىجلار سەكرات ھالىتىدىكى خاۋارىجلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاببىاسىيلار دەۋرىدىكى قىلغان ھەرىكەتلىرى خۇددى بوغۇزلىنىۋاتقان قوينىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشايتتى. مۇشۇ تۈپەيلىدىن مەغلۇبىيەت ئۇلارغا ئارقا-ئارقىدىن كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار بىرەر بىر خەلىپىگە قارشى چىقسىلا، شۇ خەلىپە ئۇلارغا قارشى ئۆزىدىكى بارلىق ئېغىر قورااللارنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى كۆزگە ئىلىنمايدىغان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قوياتتى شۇڭا خەلىپە ئۇلارنىڭ كۈچىدىن ئەنسىرىمەيتتى ۋە ئۇلارنىڭ كۈچىنى «سەلەف ئەجدادلىرى»نىڭ كۈچىدەك ئېتىبارغا ئالمايتتى. مەسىلەن، ئاببىاسىيلار خەلىپىسى سەففاھقا قارشى چىققان جۇلەندى ئۆزىنىڭ ئوممانلىق ھەمراھلىرى بىلەن خىلاپەت ئارمىيىسىنى ئوممانغا كىرىشتىن توسماقچى بولغان بولۇپ، خەلىپە ئەبۇ ئابباس سەففاھنىڭ قوشۇنىغا خازىم ئىبنى خۇزەيمە قوماندان ئىدى. ئۇلار سەھرادا ئۇچرىشىپ تولۇق بىر كۈن شىددەتلىك جەڭ قىلىشتى. ئاندىن ئىككىنچى كۈنى يەنە ئاۋۋالقىدىن قېلىشمىغۇدەك قاتتىق جەڭ قىلىشتى. ئاندىن ئىشلار ئازراق پەسىيىۋېدى، خاۋارىجلار تېخىمۇ شىددەتلىك ھالدا ئۇرۇش باشلىدى. خازىم سۇغدىيلىق بىر كىشىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىر مىكىر ئويلاپ تاپتى. ئۇ مىكىر شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ھەربىر ئەسكەر نەيزىسىنىڭ ئۇچىغا پاختا-لاتىلارنى يۆگەپ، ئۇنى مايغا مىلەپ ئوت ياقىدۇ-دە، جۇلەندى ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنىڭ ئۆيلىرىگە ئاتىدۇ. بۇ تاكتىكا غەلىبە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئوت كۆيۈشكە باشلىدى چۈنكى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى ياغاچتىن ئىدى. جۇلەندىنىڭ قوشۇنى ئۆزلىرىنىڭ خوتۇن-بالىلىرىنى ئوتتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتتى. دەل مۇشۇ پەيتتە خازىمنىڭ قوشۇنى خاۋارىجلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى خالىغانچە ئۆلتۈردى. جەڭ ئون مىڭلىغان خاۋارىجلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ باشلىرىنى ئۈزۈپ بەسرەگە ئەۋەتىپ بەردى. بۇ باشلار بەسرەدە نەچچە كۈنلەپ تۇرغاندىن كېيىن كۇفىگە ۋە خەلىپە ئەبۇ ئابباسقا ئەۋەتىپ بېرىلدى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)




## ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئافغانىستان بەدەخشان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي شەھىرى بولغان فەيزاۋادتىن شەرقىي تۈركىستان چېگراسىغىچە بولغان ئومۇمىي مۇساپە 480 كىلومېتىر بولۇپ، بۇ مۇساپىنىڭ ھەر قايسى يول بۆلەكلىرى ۋە يول ئەھۋالى تۆۋەندىكى جەدۋەلدە كۆرسىتىلدى.

| ئورۇنلار / يول بۆلىكى | باشلىنىش نۇقتىسى | | ئاخىرلىشىش نۇقتىسى | | مۇساپە (km) |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | فەيزاۋاد | Faizabad | باخاراك | Baharak | 44 |
| يول ئەھۋالى | يول ياسىلىۋاتىدۇ (ھازىر ياسىلىپ بولغان بولۇشى مۇمكىن) | | | | |
| 2 | باخاراك | Baharak | ئىشكەشىم | Ishkashim | 109 |
| يول ئەھۋالى | يول ياساش پىلانى مەبلەغ چىقىرىش باسقۇچىدا | | | | |
| 3 | ئىشكەشىم | Ishkashim | خاندۇد | khandood | 75 |
| يول ئەھۋالى | شېغىل يول بار | | | | |
| 4 | خاندۇد | khandood | بروغىل | Broghel | 135 |
| يول ئەھۋالى | شېغىل يول بار | | | | |
| 5 | بروغىل | Broghel | تۈركىستان چېگراسى | Turkistan border | 117 |
| يول ئەھۋالى | كىچىك تاغ يولى بار | | | | |

(بۇ كارىدوردىكى قاتناش ماشىنىلىق، ئۇلاغلىق ۋە پىيادە يۈرۈشنى ئۆزىگە جەملىگەن.)

**فارس، ۋاخى ۋە قىرغىز تىللىرىدىكى ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ سېلىشتۇرما ئىسىملىرى**

| قىرغىزچە | ۋاخىچە | فارسچە | ئۇيغۇرچە | ئىنگلىزچە |
|---|---|---|---|---|
| bogha | | Gav-e-nar | بۇقا | Bull |
| Oyi | Chat\Jalagach | Gav\gaw | ئىنەك | Cow |
| Torpok | | Gusale | موزاي | Calf |
| Oghuz | | Gaw-e-golbe | دېھقانچىلىق كالىسى | Plough ox |
| Topaz | Kotuz | Ghaj gaw | قوتاز | Yak |
| Ygiz | | | ئۆكۈز | Bull |
| Ynik | | | ئىنەك | Cow |
| Yit | | | موزاي | Calf |
| Kochkor | Warr | Gooch\koch | قوچقار | Ram |
| Koy | May | Mish | ساغلىق قوي | Ewe |
| | Work | Barreh | پاقلان | Lamb |
| Koze | Tekke | Boz-e-nar | تېكە | Billy |
| Ichle | Tooq | boz | چىشى ئۆچكە | Nanny |
| Olaq | | Bozgaleh | ئوغلاق | Kid |
| At | | Asp or asp-e-nar | نەسىللىك | Stallion |
| Jilke\Julgu At | | Madian | بايتال | Mare |
| Tay | | Korre | تايچاق | Foal |
| Ishek | | Khar,olaq,makhab | ئېشەك | Donkey |
| | | Shotor | تۆگە | Camel |

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




■ مۇسۇلمانلارنىڭ مۇبارەك ھېيتلىرىدىن بىرى بولغان قۇربان ھېيت كۈنى تۈركىستاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى رايونلىرىدىكى بىر قىسىم مەسجىدلەردە ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بايراق چىقىرىش مۇراسىمى ئېلىپ بېرىلغان. خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ مۇسۇلمان خەلقىمىزگە قارىتا ئېلىپ بارغان بۇ قىلمىشى ھەقىقەتەن تۈركىستان خەلقىگە بولغان زۇلۇمنىڭ نەقەدەر چەكتىن ئاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

■ 8- ئاينىڭ 25- كۈنى بېرما بۇددىست ھۆكۈمىتى ئەراكان مۇسۇلمانلىرىغا قارىتا كەڭ كۆلەمدە قىرغىنچىلىق ھەرىكىتىنى باشلىغان. بۇ بۇددىست كاپىرلار ھازىرغىچە ئەراكان مۇسۇلمانلىرىدىن 6500 نەپەرنى قەتلى قىلىپ، 8000 غا يېقىن مۇسۇلمانلارنى يارىلاندۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، 500 نەپەر مۇسلىمە ھەمشىرىمىزنى ئاياق-ئاستى قىلىپ خورلىغان. مۇسۇلمانلارنىڭ يېزىلىرىدىن 103 نى كۆيدۈرۈپ ۋەيران قىلغان، 300 مىڭغا يېقىن مۇسۇلمانلار ئۆزلىرىنىڭ يۇرتلىرىنى تاشلاپ بېنگالغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.

■ 8- ئاينىڭ 31- كۈنى مەغرىب ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرىدىن بىر نەپەر پىدائىي قېرىندىشىمىز ئالجىرىيىنىڭ تىئارت شەھىرىدىكى بىر ساقچى مەركىزىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ساقچىلار بىلەن ئېتىشقاندىن كېيىن پىدائىيلىق جىلىتكىسىنى پارتلىتىپ كاپىرلاردىن 10 غا يېقىنىنى ئۆلتۈرۈپ يارىلاندۇرغان.

■ الله نىڭ دۈشمىنى شۇنداقلا پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمىنى بولغان ئامېرىكا ئارقا-ئارقىدىن الله نىڭ قەھرى-غەزىپىگە ئۇچرىماقتا. 9- ئاينىڭ 1- كۈنى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى لوس ئانژېلىس شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ۋېردىگو تاغلىرىدا كەڭ كۆلەمدە ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن. بۇ ئوت ئاپىتى بولسا لوس ئانژېلىس تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئوت ئاپىتى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ ئوت ئاپىتى ھازىرغىچە 29 كۋادرات كىلومېتىر يەرنى ۋەيران قىلغان.

■ 9- ئاينىڭ 3- كۈنى يەمەن ئەلقائىدە مۇجاھىدلىرى بەيدا ۋىلايىتىنىڭ سۇمئە رايونىدىكى ھۇسى شىئەلىرىنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىنى ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان ۋە 6 نەپەر ھۇسى شىئەلىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■9- ئاينىڭ 5- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ دايكەندى ۋىلايىتىنىڭ ئەجرىستان رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلانىنى چۈشۈرۈۋەتكەندىن كېيىن، 9- ئاينىڭ 7- كۈنى ئۆلگەن ئەسكەرلەرنىڭ جەسىتىنى يىغىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن يەنە بىر دانە تىكئۇچار ئايروپىلان مۇجاھىدلار تەرىپىدىن ئېتىپ چۈشۈرۈۋېتىلگەن.

■ 9- ئاينىڭ 6- كۈنى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئارمىيىسى ئافغانىستاننىڭ پەرۋان ۋىلايىتىدىكى خەلقلەرگە ھاۋادىن تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقاتقان. بۇ ۋاراقچىدە بىر شىرنىڭ بىر ئىتنى قوغلاۋاتقان رەسىمى بار بولۇپ، بۇ ئىتنىڭ بەدىنىگە تەۋھىد بايرىقىنى سىزىپ قويغان. بۇنىڭدىن غەزەپلەنگەن ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى كاپىرلاردىن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ باگرام ھاۋا ئارمىيە بازىسىغا قارشى موتسىكلىتلىق پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 20 گە يېقىن ئامېرىكا ئەسكىرى جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 9- ئاينىڭ 6- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان كاپىر قوشۇنلىرىنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 14 تىن ئارتۇق بەششار ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ ئېرما توپاننىڭ تەسىرىدە ئامېرىكىنىڭ فىلورىدا شتاتىدا 31 نەپەر ئادەم ئۆلگەن بولۇپ، ھازىرغىچە بۇ توپان ئامېرىكىغا 62 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى ئىقتىسادىي زىيان ئېلىپ كەلگەن.

■ 9- ئاينىڭ 8- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدىكى ئىفرىيە-خەناسىر تاش يولىغا جايلاشقان ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ بىر تەكشۈرۈش پونكىتىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئەسەد ئارمىيىسىدىن 9 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، بىر قانچىسىنى يارىلاندۇرغان. بۇ ئەمەلىيەتتىن كېيىن مۇجاھىدلار ئۆز مەنزىلىگە ساق-سالامەت قايتىپ كەلگەن.

■9- ئاينىڭ 9- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ نەنگارھار ۋىلايىتى جالالئاباد شەھىرىنىڭ بىشىك مالاتاي رايونىدا بىر نەپەر ساقچى مەسئۇلىنىڭ ماشىنىسىغا مىنا قويۇپ پارتلاتقان، نەتىجىدە بۇ ساقچى باشلىقى ئىككى نەپەر قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 9- ئاينىڭ 11- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام مۇجاھىدلىرى ھەلەب ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان جۇرەجەيش رايونىدىكى ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارىتا ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئەسەد ئارمىيىسىدىن 13 نەپەر ئەسكەر جەھەننەمگە ئۇزىغان ۋە 7 نەپىرى يارىلانغان. بۇ ئەمەلىيەتتىن كېيىن مۇجاھىدلار ئۆز مەنزىلىگە ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 9- ئاينىڭ 11- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالى بىلەن كېنىيىنىڭ چېگراسىغا جايلاشقان بەلەد خاۋا شەھىرىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ مەركەزلىرىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ ھۇجۇم ئاۋۋال پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، پىدائىيلىق ئەمەلىيىتىدىن كېيىن مۇجاھىدلار مۇرتەد ئارمىيە بىلەن قاتتىق ئېتىشقان. ئاخىرىدا بۇ شەھەرنىڭ تۈرمىسىدىكى 35 نەپەر ئەسىرنى تۈرمىدىن قۇتقۇزغان ۋە 40 قا يېقىن ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپلىگەن مىقداردىكى قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 9- ئاينىڭ 12- كۈنى ئافغانىستاننىڭ بادغىس ۋىلايىتى جوند رايونىنىڭ زود، سەرلاخ، سابروي، كازىك ئەليا، كەشەك، كازىك سەفلا، جىلايى قاتارلىق يېزىلىرىنىڭ 6 نەپەر يېزا ۋەكىللىرى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتىگە بەيئەت بەرگەنلىكىنى ئېلان قىلغان ھەمدە تاقىتىنىڭ يېتىشىچە مۇجاھىدلارغا ياردەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

■ 9- ئاينىڭ 13- كۈنى ئەششاباپ تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالىنىڭ شىبىيلى ۋاستا ۋىلايىتى مەھدايى شەھىرىدە برۇندى تاجاۋۇزچى ئارمىيىسىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 10 نەچچە نەپەر برۇندى تاجاۋۇزچى ئەسكىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان.

■ 9- ئاينىڭ 14- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى ئافغانىستاننىڭ غەزنى ۋىلايىتى جاغتو رايونىدا بىر نەپەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارىنىڭ ماشىنىسىغا مىنا قويۇپ پارتلاتقان، نەتىجىدە بۇ ھۆكۈمەت ئەمەلدارى قوغدىغۇچىسى بىلەن بىللە جەھەننەمگە ئۇزىغان.

■ 9- ئاينىڭ 14- كۈنى سومالىنىڭ جېلجىدود ۋىلايىتى جەل ھەرىر شەھىرىدە 2001- يىلىدىن باشلاپ تاجاۋۇزچى ئېفئوپىيە ئارمىيىسى ئىچىدە تۇرۇپ مۇجاھىدلارغا قارشى جەڭ قىلغان بىر نەپەر ئەسكىريي مەسئۇل ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرىغا تەسلىم بولغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

## سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| بَشُوشٌ | خۇشچىراي |
| عَبُوسٌ | مۇز چىراي |
| غَضُوبٌ | ئاچچىقى يامان |
| عَنُودٌ | سەركەش |
| وَقُورٌ | سالماق، ئېغىر-بېسىق |
| لَعُوبٌ | ئويۇن قېپى، كەپسىز |
| جَسُورٌ | جاسارەتلىك، باتۇر |
| حَسُودٌ | ھەسەتخور، كۆرەلمەس |
| كُلٌّ | ھەممە |
| بَعْضٌ | بەزى |
| أَكْثَرُ | كۆپىنچە |
| جِدًّا | بەك |

## جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| هُوَ بَشُوشٌ جِدًّا | ئۇ بەك خۇشچىراي كىشى |
| أَرَاهُ عَبُوسًا دَائِمًا | ئۇنى دائىم مۇز چىراي ھالەتتە كۆرىمەن |
| هُوَ غَضُوبٌ جِدًّا | ئۇنىڭ ئاچچىقى بەك يامان |
| إِسْمَعْ لِي فَلَا تَكُنْ عَنُودًا | گېپىمنى ئاڭلا! تولا سەركەشلىك قىلما |
| هُوَ وَقُورٌ جِدًّا فِي الْمَعْرِكَةِ | جەڭ مەيدانىدا ئۇ ناھايىتى سالماق |
| هَذَا الْوَلَدُ لَعُوبٌ جِدًّا | بۇ بالا بەك ئويۇن قېپى |
| عَبْدُ اللهِ جَسُورٌ جِدًّا فِي الْمَعْرِكَةِ | ئابدۇللاھ جەڭدە بەك باتۇر |
| يَعِيْشُ الْحَسُودُ شَقِيًّا | ھەسەتخور ئادەم بەختسىز ياشايدۇ |
| إِسْتَعِدُّوا فَوْرًا كَافَّةً يَا أَهْلَ الْحَيِّ | مەھەللىدىكى ھەممىڭلار دەرھال تەييار بولۇڭلار! |
| جَلَسَ بَعْضُ النَّاسِ وَ قَامَ بَعْضُهُمْ | كىشىلەرنىڭ بەزىسى ئولتۇردى، بەزىسى ئۆرە تۇردى |
| أَكْثَرُ الرِّجَالِ عَاقِلٌ | كۆپىنچە ئەرلەر ئەقىللىق |
| هُوَ يُحِبُّ وَلَدَهُ جِدًّا | ئۇ بالىسىغا بەك ئامراق |

# ئائىلىدىكى رېتسېپلار

## ئادەم تېنىدىكى «ئەخلەت»لەرنى يېمەكلىكتىن پايدىلىنىپ تازىلىۋەتكىلى بولىدۇ (إن شَاء الله)

تەتقىقاتتىن مەلۇم بولۇشىچە، تۆۋەندىكى يېمەكلىكلەرنىڭ ئادەم تېنىدىكى كۆپ خىل توكسىننى تازىلاشقا ياردىمى بولىدىكەن:

يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلار. يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىشقارلىق بولۇپ، يېمەكلىكلەردىكى قەنت، گۆش، تۇخۇم ۋە مېتابولىزم جەريانىدا شەكىللەنگەن زىيادە كىسلاتالىق ماددىلارنى تەڭشەپ، بەدەن سۇيۇقلۇقىنىڭ تۆۋەن ئىشقارلىقلىقىنى ساقلاپ، قاندىكى زەھەرنى چىقىرىپ تاشلايدۇ. شۇڭا يازلىق يېسىۋىلەك، قىچا يوپۇرمىقى، پالەك، سەۋزە قاتارلىق يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلارنى دائىم ئىستېمال قىلىش كېرەك.

قارا ئاشلىق. دائىم تاتلىقياڭيۇ، بەرەڭگە، كۆممىقوناق، قارا بۇغداي قاتارلىقلارنى يەپ بەرگەندە، چوڭ تەرەت راۋانلىشىپ، تەندىكى زەھەرلىك ماددىلار ئۈچەي يولىدا ئۇزاق تۇرۇپ قالمايدۇ. قارا ئاشلىق تەركىبىدە ئاق ئاشلىقتا كەمچىل بولغان نۇرغۇن ئالاھىدە ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار بار، بۇ ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار ئۈچەي ۋە ئاشقازاننىڭ ئىچكى مۇھىتىنى تەڭشەيدۇ، ئۇنى ئادەم تېنى ئاسان قوبۇل قىلغاچقا بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ (إن شَاء الله).

مېۋە ياكى مېۋە سۈيى. لىمون، ئاپېلسىن، ئۈزۈم، ئالما، پەمىدۇر قاتارلىقلارنىڭ تەمى چۈچۈمەل بولسىمۇ، بەدەننىڭ ماددا ئالماشتۇرۇشى جەريانىدا ئىشقارلىق بولۇپ ئۆزگىرىدۇ ھەم قاننىڭ ئىشقارلىقلىقىنى ساقلايدۇ، بولۇپمۇ ھۈجەيرىلەردە ساقلىنىپ قالغان زەھەرلىك ئېلېمېنتلارنى ئېرىتىپ، چىقىرىش سىستېمىسى ئارقىلىق بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلايدۇ (إن شَاء الله).

قارا ساڭراۋ قۇلاق (قارا موئېر). قارا ساڭراۋ قۇلاق قان پلاستىنكىلىرىنىڭ جۇغلىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىدۇ. يۈرەك-مېڭە قان تومۇرى كېسىلىگە پايدا قىلىدۇ. قارا ساڭراۋ قۇلاق تەركىبىدىكى يېلىم ماددىسى ئادەم تېنىنىڭ ھەزىم قىلىش سىستېمىسىدا قېپقالغان چاڭ-توزانلارنى سۈمۈرۈپ، بەدەن سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ، ئاشقازان-ئۈچەينى تازىلايدۇ (إن شَاء الله).

### ئەسكەرتىش

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىريي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا الله تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته